نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 334 نامرات كەنت بۇ يىلنىڭ ئىچىدە 4G تورى بىلەن تولۇق قاپلىنىدۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **مېھرىگۈل غوپۇر** خەۋەر قىلىدۇ: بۇلتۇر جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى 1962 ئېغىر نامرات كەنتنىڭ ھەممىسىدە ئوپتىك تالالىق كەڭ بەلباغ ئۇلاش، خەۋەرلىشىش تورى بىلەن تولۇق قاپلاش ئىشقا ئاشقاندىن كېيىن، بۇ يىل، شىنجاڭ خەۋەرلىشىشنى باشقۇرۇش ئىدارىسى نامرات كەنتلەردە 4G تورى قۇرۇلۇشىنى نۇقتىلىق قانات يايدۇرۇپ، تەدرىجىي ھالدا نامرات كەنتلەردە سىملىق، سىمسىز تور ئۆزئارا ئەۋزەللىك قىلىنغان، ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدىغان تور بىلەن قاپلىنىش ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىدۇ؛ دۆلەتنىڭ تېلېگراف ئومۇميۈزلۈك مۇلازىمىتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش تۈرىگە داۋاملىق تايىنىپ، 4G ئاساسىي پونكىتىدىن 367نى قۇرۇپ، 334 نامرات كەنتنىڭ 4G تورى بىلەن قاپلىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، كېيىنكى قەدەمدە يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن ياخشى ئۇچۇر ـ خەۋەرلىشىش ئاساسى سالىدۇ.

ئۇزاقتىن بۇيان، شىنجاڭدىكى يېزا رايونلىرى، بولۇپمۇ چەت، يىراق ئېغىر نامرات كەنتلەردە كەڭ بەلباغلىق تور بولماسلىق ياكى تورغا ئۇلىنىش سۈرئىتى ئۆلچەمگە يەتمەسلىك قاتارلىق مەسىلىلەر ساقلاندى، بىر قىسىم نامرات كەنتلەردە دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى يۇقىرى بولۇش، كىلىمات شارائىتى ناچار بولۇش، قۇرۇلۇش شارائىتى يېتەرسىز بولۇش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، يان تېلېفون سىگنالى بىر قەدەر ئاجىز بولۇپ، كەڭ بەلباغلىق تورنى ئائىلىلەرگە كىرگۈزۈش قىيىن بولدى. شىنجاڭدىكى چەت، يىراق ئېغىر نامرات كەنتلەرگە تور ئۇلانماسلىق مەسىلىسىنى تەلتۆكۈس ھەل قىلىش ئۈچۈن، دۆلەت تېلېگراف ئومۇميۈزلۈك مۇلازىمىتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى يولغا قويدى، شىنجاڭ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ مەركەز مالىيەسىدىن 1 مىليارد 70 مىليون يۈەن ياردەم مەبلىغى ئىلتىماس قىلىپ، مالىيە مەبلىغى ئارقىلىق يېتەكلەش، يەرلىك ھۆكۈمەت سىياسەت جەھەتتىن قوللاش ئارقىلىق، كارخانىلارنىڭ 2 مىليارد يۈەن يانداش مەبلەغ سېلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، 2019 ـ يىلى 9 ـ ئايدا نامرات رايونلارنىڭ ئوپتىك تالالىق كەڭ بەلباغلىق تور بىلەن قاپلىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

«خەۋەرلىشىش تورىنىڭ راۋانلىقى نامرات كەنتلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمىنى ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولدى، كەنت ئاھالىلىرى بىر يان تېلېفون، بىر كومپيۇتېر ئارقىلىق توردا قولاي ھالدا تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى قاتارلىقلارنى سېتىۋالالايدىغان بولدى، شەھەرلەرنىڭ ئەلا سۈپەتلىك مائارىپ، داۋالاش قاتارلىق ئاممىۋى بايلىقمۇ تېزلا يېزا ـ كەنتلەرگە كېڭەيدى، ئاما ‹بارماق ئۇچىدىكى بەخت›نى ئاسانلا ھېس قىلالايدىغان بولدى» دېدى شىنجاڭ خەۋەرلىشىشنى باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى ما جۈچىڭ.

يېزىلاردىكى نامرات نوپۇسنىڭ تۈرلۈك خەۋەرلىشىش مۇلازىمىتى ۋە توردىن پايدىلىنىشى، پايدىلىنالىشى، ياخشى پايدىلىنىشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭ خەۋەرلىشىشنى باشقۇرۇش ئىدارىسى شىنجاڭدىكى ئۈچ چوڭ خەۋەرلىشىش تىجارەتچى كارخانىسىنى مەخسۇس ئېتىبارلىق يۈرۈشلۈك مۇلازىمەتنى يولغا قويۇشقا پائال يېتەكلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، تەشۋىقات سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئاممىنىڭ بىلىش دائىرىسى ۋە بېجىرىش سانىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈپ، ئېتىبار سىياسىتىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈردى. ھازىر، 550 مىڭغا يېقىن ئائىلىدىكى نامرات نوپۇس مەخسۇس ھەقلىق يۈرۈشلۈك مۇلازىمەتتىن بەھرىمەن بولغان بولۇپ، ئېتىبار بېرىش كۆلىمى 65%تىن 75%كىچە يەتتى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېشىم كىچىك بولغاچقا، دەسلەپتە بۇنداق گەپنى ئاڭلاپ ناھايىتى قورقتۇم، لېكىن ۋاقىت ئۇزارغانسېرى، مۇشۇ كىشىلەرنىڭ قۇتراتقۇلۇقىغا بويسۇنۇپ، پاتقاققا بارغانسېرى چوڭقۇر پاتتىم. تولۇقسىزنى پۈتكۈزگەندە، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغاچقا، جەننەتكە كىرىشنىلا ئويلاپ، ئۆگىنىش نەتىجەممۇ ناچارلاشتى، شۇنىڭ بىلەن مەكتەپكە بارمىدىم.

كېيىن جەمئىيەتكە چىقىپ بىرنەچچە دوست بىلەن تونۇشتۇم. ئۇلار دائىم ماڭا دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى مەزمۇنىدىكى يازمىلار ۋە سۈرەتلەرنى ئەۋەتەتتى. ئۇ چاغدا مەندە قىلچە قانۇن ئېڭى بولمىغاچقا، ھەق ـ ناھەقنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىم يوق ئىدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ سۆزىگە ئاسانلا ئىشىنىپ كەتتىم، يەنە دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى مەزمۇنىدىكى نەرسىلەرنى تارقاتتىم.

2013 ـ يىلى، دوستۇم ئايگۈزەل مېنى بىر توي مۇراسىمىغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلدى. توي مۇراسىمىدا، خوتەن شەھىرىدىن كەلگەن بىر ئوتتۇرا ياشلىق ئايال بىزگە: «ئۇدۇل جەننەتكە كىرەي دېسەڭلار، ‹كاپىر›لارنى ئۆلتۈرۈڭلار...» دېدى. ئۇ بۇ گەپلەرنى قىلغاندا يەنە زوراۋانلىق، تېررورلۇق مەزمۇنىدىكى سىننى كۆرسەتتى.

2016 ـ يىلدىن باشلاپ، كەنتىمىزدە دائىم ھەر خىل زامانىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىلدى، مەن بىر قىسىم ئاياللارنىڭ گىرىم قىلىپ، چىرايلىق كىيىملەرنى كىيگىنىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا بەكمۇ ھەۋەس قىلدىم، ئاندىن كۆڭلۈمدە: دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى مېنى قاراڭغۇ يولغا باشلاپتۇ، مەن قانداق قىلىشىم كېرەك؟ كىم مېنى قۇتقۇزالايدۇ؟ ئەجەبا مېنىڭ گۈزەل ياشلىقىم قاراڭغۇلۇقتا ئۆتەرمۇ؟ دەپ ئويلاشقا باشلىدىم.

كەنت كادىرلىرى مېنى كۆپ قېتىم ئىزدەپ پاراڭلاشتى، سىرداشتى، مەن ئاخىر غەيرەتكە كېلىپ ئىچىمدىكى سىرلارنى ئېيتتىم، ئائىلەمدىكىلەرنىڭ نەسىھەت قىلىشى بىلەن چىرا ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە كېلىپ ئۆگىنىش، تەربىيەلەشكە قاتناشتىم.

دەسلەپ كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە كىرگەن چېغىمدا، راست گەپنى قىلسام، كۆڭلۈم سەل خاتىرجەم بولمىغاچقا، گېلىمدىن تاماق ئۆتمەيدى، كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى. لېكىن كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە ئازادە ـ يورۇق دەرسخانىلارنى، راھەت ياتاقلارنى، ئېغىزغا تېتىغۇدەك ھەقسىز تاماقلارنى، ئاتا ـ ئانامغا ئوخشاش مۇلايىم ئوقۇتقۇچىلارنى كۆرگەندىن كېيىن، بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ھەم قىزىقتىم، ھەم ئۇنىڭدىن تەسىرلەندىم. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ زېرىكمەي ـ تېرىكمەي تەربىيەلىشىدە، مەن تەدرىجىي ھالدا ئۆزۈمدىكى خاتالىقلارنى تونۇپ يەتتىم، كەيپىياتىممۇ ياخشىلاندى، قەلبىممۇ يورۇدى.

كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە ئۆگىنىش مەزگىلىدە، بىز بىر قېتىم ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيىتى ئۆتكۈزدۇق، دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى دەرسى ئۆتىدىغان مۇئەللىم ئويۇشتۇرغۇچى ۋە پىلانلىغۇچى ئىدى. مېنىڭ بەكلا رىياسەتچى بولغۇم بار ئىدى، بىراق جۈرئەت قىلالمىغاچقا، ياخشى قىلالماسلىقتىن قورقتۇم. سىنىپىمىزدىكى بىر تەربىيەلەنگۈچى مېنىڭ ئويۇمنى مۇئەللىمگە ئېيتىپتۇ، مۇئەللىم تەشەببۇسكارلىق بىلەن مېنى ئىزدەپ پاراڭلاشتى، سەمىمىيلىك بىلەن ماڭا مۇنداق دېدى: «سىز ئۆزىڭىزگە ئىشىنىشىڭىز كېرەك، بىلمىگەن يەرلىرىڭىزنى مەن ھەر ۋاقىت سىزگە ئۆگىتەمەن. بىز بىرلىكتە تىرىشايلى، مۇئەللىم سىزنىڭ ئەڭ قالتىس ئىكەنلىكىڭىزگە ئىشىنىدۇ».

مۇئەللىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە، مەن نۇرغۇنلىغان رىياسەتچىلىك ماھارىتىنى ئۆگىنىۋالدىم، ئۆزۈمگىمۇ بارغانسېرى ئىشىنىدىغان بولدۇم. مۇئەللىم ماڭا ئىشەندى، ساۋاقداشلىرىممۇ ماڭا ئىشەندى، مېنىڭ ئۆزۈمگە ئىشەنمەسلىكىمگە نېمە سەۋەبىم بولسۇن. نەتىجىدە، شۇ قېتىمقى پائالىيەت تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، مېنىڭ ئىپادەممۇ كۆپچىلىكنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتى.

تەربىيەلىنىش ئارقىلىق مەن خاتالىقىمنى تونۇش، خاتالىقىمنى ئۆزگەرتىش ياخشى پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. ئەگەر بۇ قېتىمقى پۇرسەت بولمىغان بولسا، مەن چوقۇم كەينى ـ كەينىدىن خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولاتتىم. دەل پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت مېنى يار لېۋىدىن ۋاقتىدا قايتۇرۇپ كەلدى. كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە، بىز دۆلەت ئورتاق تىل يېزىقىنى، قانۇن ـ نىزاملارنى ئەستايىدىل ئۆگەندۇق، يەنە كەسپىي ماھارەتلەرنى ئۆگەندۇق، ئەڭ مۇھىمى، ئىدىيە مەنبەسىدىن دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى يوقاتتۇق.

تەربىيەلەشكە قاتناشقان مەزگىلدە، مەنمۇ كەنتتىكى ئۆزگىرىشلەرگە گۇۋاھ بولدۇم: ئىلگىرىكى توپا يوللار ھازىرقى كەڭ ئاسفالت يوللارغا، كونا ئۆيلەر يېڭى ئۆيلەرگە ئۆزگەردى، كەنت ئاھالىلىرى سۈزۈك، تاتلىق تۇرۇبا سۈيى ئىچەلەيدىغان بولدى، ئاياللار بارغانسېرى مودا ياسىنىدىغان بولدى.

پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىز بىر ئائىلە كىشىلىرىنى ئۇنتۇمىدى، ئائىلىمىز تۈرلۈك خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىدىن بەھرىمەن بولدى. ھەر قېتىم مۇشۇلارنى ئويلىغىنىمدا، مەن ئىلگىرى قىلغان ـ ئەتكەنلىرىمگە بەكمۇ پۇشايمان قىلىمەن. دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، مەن يېڭى تۇرمۇشۇمنى باشلاپ، ئىككى قولۇمغا تايىنىپ ئۆزۈمگە تەۋە بەختنى يارىتىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىغا جاۋاب قايتۇرۇش ئىرادىسىگە كەلدىم.

(مۇخبىرىمىز جيەك جو رەتلىگەن)

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

پارتلاتقۇچ، قورال چەكلەش قەھرىمانى لىۇ ۋېنگو:

ياشلىق باھارى، ئىسسىق قېنى بىلەن ساقچى روھىنى تاۋلاش

لىۇ ۋېنگونىڭ سۈرىتى.

☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شىنىڭ، 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈندىكى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (مۇخبىر مۇ تيېچېڭ) چىڭخەي ئۆلكىسى مىنخې خۇيزۇ ـ تۇزۇ ئاپتونوم ناھىيەسىدە مۇنداق بىر ساقچى ئۆتكەن: ئۇ ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارى ۋە قان ـ تەرىنى ئۆزى چوڭقۇر سۆيگەن تۇپراققا تاكى ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرىگىچە بېغىشلىغان. 18 يىل ئىلگىرى، ئۇنىڭ قارا نىيەتلەر بىلەن جان تىكىپ ئېلىشقان ھېكايىسى ھازىرغىچە يەرلىكتىكى ئاممىنىڭ قەلبىدە چىڭ ساقلانماقتا. ئۇ دەل ئۆز جىسمى بىلەن يۇرتىنىڭ ئامانلىقىنى قوغدىغان لىۇ ۋېنگو.

لىۇ ۋېنگو 1974 ـ يىلى شەندۇڭ ئۆلكىسى لىنچۈ ناھىيەسىدىكى بىر نامرات دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 1989 ـ يىلى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە چىڭخەي ئۆلكىسى مىنخې ناھىيەسىگە كەلگەن. 1993 ـ يىلى، ئۇ چىڭخەي مىللەتلەر شۆيۈەنىنىڭ قانۇن فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنىپ، داشۆدە ئوقۇش ئارزۇسىغا يەتكەن. 1999 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، لىۇ ۋېنگو مىنخې ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇ ئۇزاقتىن بۇيان ئارزۇلاپ كەلگەن ساقچى فورمىسىنى كىيىپ، شەرەپلىك خەلق ساقچىسى بولغان.

بىر كۈن خىزمەت قىلسام، بىر كۈن تۆھپە قوشىمەن. مۇشۇنداق ئېتىقادى بىلەن ئۇ مىنخې ناھىيەسىدىكى چيەنخې ساقچىخانىسىغا كېلىپ خىزمەت قىلغان. 2001 ـ يىلى، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە پارتلاتقۇچ، قورال چەكلەش مەخسۇس ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن كېيىن، لىۇ ۋېنگو دەم ئېلىش، بايرام كۈنلىرىدە بىر قېتىممۇ دەم ئالماي، بىر قېتىممۇ ئۆيىگە قايتماي، ھەركۈنى تەۋەلىك رايونغا چوڭقۇر چۆكۈپ قورال، پارتلاتقۇچقا چېتىشلىق يىپ ئۇچلىرىنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرگەن، ھەربىر كەنت، ھەربىر ئائىلە بىلەن مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالىغان.

2001 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، لىۇ ۋېنگو بىلەن چيەنخې ساقچىخانىسىنىڭ ساقچىخانا باشلىقى لۇ جى سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ، داۋاملىق ۋەزىپە ئىجرا قىلىشقا تەييارلىق قىلغان.

بۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، تۆت يەرلىك قورالنىڭ زاپچاسلىرىنى يىغىۋالغان لىۇ ۋېنگو بىلەن لۇ جى كەنت ئاھالىسى گەن جىلياڭنىڭ ئۆيىگە كىرگەن. لۇ جى ساقچى كىنىشكىسىنى چىقىرىپ مۇنداق دېگەن: «بىز ئىگىلىگەن يىپ ئۇچىغا ئاساسلانغاندا، ئۆيۈڭدە قانۇنسىز قورال ـ ياراغ يوشۇرۇش ئەھۋالى بارىكەن، خىزمىتىمىزگە ماسلىشىپ، قورالنى تاپشۇر.» «قورال بۇزۇلۇپ قالدى!» دەپ جاۋاب بەردى گەن جىلياڭ قوپاللىق بىلەن.

لۇ جى تۆت ئەتراپقا سەپسېلىپ قارىغاندىن كېيىن، دېرىزىگە يېقىن كاڭنىڭ بۇرجىكىدە بىر ئاز غەيرىيلىك بارلىقىنى بايقاپ، دەرھال بېرىپ كاڭنىڭ ئۈستىدىكى قىزىل كىگىزنى قايرىغاندا، بىر يەرلىك قورال كۆرۈنگەن. لۇ جى دەرھال قورالنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقماقچى بولغاندا گەن جىلياڭ ئېتىلىپ كېلىپ، ئىككى قولى بىلەن قورال ئىستوۋۇلىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، توسۇپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «بۇ قورالنى باشقىلاردىن ئارىيەت ئالغان، ئېلىپ كەتسەڭلار بولمايدۇ!»

لۇ جى قاتتىق ئاۋازدا مۇنداق دېگەن: «بىز قانۇن بويىچە قورال ـ ياراغ يىغىۋاتىمىز، مەيلى كىمنىڭ قورالى بولسۇن بۈگۈن جەزمەن يىغىۋالىمىز!» جاھىللىق بىلەن قارشىلىق قىلغان گەن جىلياڭ قورالنى تارتىۋالالماي، شەرق تەرەپتىكى ئۆيدىن يۈگۈرۈپ شىمال تەرەپتىكى ئۆيگە كىرىپ كەتكەن، لۇ جى ئەگىشىپ ئېتىلىپ ئۆيگە كىرگەندە، گەن جىلياڭ توساتتىن بىر ئەتۆركىنى لۇ جىنىڭ بويىنىغا تىقىۋەتكەن، قان ئېتىلىپ چىققان.

لۇ جىنىڭ يارىلانغانلىقىنى كۆرۈپ، لىۇ ۋېنگو ئۆزىنىڭ قۇرۇق قول بولۇشىغا قارىماي، كۆكرەك كېرىپ ئالدىغا ئۆتۈپ قارا نىيەت بىلەن ئېلىشقان. بۇ جەرياندا، ئۇ يەنە بىر قېتىم كىنىشكىسىنى چىقىرىپ، گەن جىلياڭنى قاتىللىق قورالىنى تاشلاشقا بۇيرۇغان. ئەمما ئەقلىنى يوقاتقان گەن جىلياڭنىڭ ئاڭلاشقا نەدە رايى بولسۇن، ئۇ بىر تەرەپتىن چەكچىيىپ تۇرۇپ، «مەن خەت تونۇمايمەن» دەپ ۋارقىرىغان، يەنە بىر تەرەپتىن ئەتۆركىنى قالايمىقان شىلتىپ، ئىككى خەلق ساقچىسىنى ئۆيدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇرلىغان.

«ساقچىخانا باشلىقى، مەن ئارغامچا تېپىپ ئۇنى تىزگىنلەي.» لىۇ ۋېنگو ھويلىنىڭ تۆت ئەتراپىغا كۆز يۈگۈرتۈپ، غەرب تەرەپتىكى تامنىڭ بۇلۇڭىدىكى ئاشلىق ئامبىرىنىڭ يېنىدا ئارغامچا بارلىقىنى بايقاپ يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنى ئالغان. ئۆي ئىچىدىكى گەن جىلياڭنىڭ بەتلەنگەن باشقا بىر يەرلىك قورالنى قولىغا ئېلىپ دېرىزىدىن ئۇنى قارىغا ئالىدىغانلىقىنى كىممۇ ئويلىسۇن، دەل ئۇ ئارغامچىنى ئېلىپ ئۆرۈلگەن پەيتتە، «پاڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن، لىۇ ۋېنگو قان ئىچىگە يىقىلغان.

49 پاي چاچما ئوقنىڭ ھەممىسى لىۇ ۋېنگونىڭ باش ۋە يۈز قىسمىغا تەگكەن، ئەمما ئۇنىڭ ئىككى كۆزى غەزەپ بىلەن قارا نىيەت تۇرغان تەرەپكە قادىلىپ تۇراتتى...

سەپدىشىنىڭ ئوق تېگىپ يىقىلغانلىقىنى كۆرگەن لۇ جى بىر تەرەپتىن ۋارقىراپ قۇتقۇزۇشقا ئادەم چاقىرىپ، بىر تەرەپتىن قارا نىيەت بىلەن داۋاملىق ئېلىشقان. بىر مەھەل كەسكىن ئېلىشقاندىن كېيىن، ئەڭ ئاخىرىدا قارا نىيەتنى بويسۇندۇرغان. خەۋەرنى ئاڭلاپ يېتىپ كەلگەن كەنت كادىرى قاتارلىقلار لۇ جىغا ياردەملىشىپ قارا نىيەتنى ساقچىخانىغا يالاپ ئېلىپ بارغان ھەم لىۇ ۋېنگونى يېقىن ئەتراپتىكى دوختۇرخانىغا جىددىي قۇتقۇزۇشقا ئېلىپ ماڭغان. يولدا لىۇ ۋېنگو بەختكە قارشى ۋاپات بولغان، شۇ چاغدا ئۇ 27 ياشتا ئىدى.

لىۇ ۋېنگو قۇربان بولغان شۇ ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مىنخې ناھىيەلىك كومىتېتى ئۇنى كومپارتىيە ئەزاسى دەپ تولۇقلاپ ئېتىراپ قىلغان، ئۇنىڭغا يەنە كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى خېيدۇڭ ۋىلايەتلىك كومىتېتى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مىنخې ناھىيەلىك كومىتېتى تەرىپىدىن ئايرىم ـ ئايرىم «پۈتۈن رايون، پۈتۈن ناھىيە بويىچە مۇنەۋۋەر كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزاسى» دېگەن شەرەپلىك نام تولۇقلاپ بېرىلگەن؛ 2001 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن پۈتۈن مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى 2 ـ دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى دەپ تولۇقلاپ نام بېرىلگەن؛ 2002 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، چىڭخەي ئۆلكىلىك خەلق ئىشلىرى نازارىتى تەرىپىدىن «ئىنقىلابىي قۇربان» دەپ تولۇقلاپ ئېتىراپ قىلىنغان. گەن جىلياڭ قانۇنسىز قورال ئىشلىتىپ جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىسىنى ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، 2001 ـ يىلى 9 ـ ئايدا قانۇن بويىچە ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىنغان.

خەلق ساقچىسى شىن كېچېڭ:

ھايات ـ ماماتلىق پەيتتە، ئۇ ھايات قېلىش ئۈمىدىنى باشقىلارغا بەردى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، خاڭجۇ 1 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (مۇخبىر شۇ شۈندا) بىر قاتناش ساقچىسى ھاياتىدا سانسىز قېتىم قاتناشقا قوماندانلىق قىلىش قول ئىشارىتى ۋە ھەرىكىتىنى ئىشلىدۇ. ھايات ـ ماماتلىق پەيتتە، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ خۇجۇ شەھىرى ئەنجى ناھىيەسىدىكى خەلق ساقچىسى شىن كېچېڭ ئۆزىنىڭ 12 يىللىق قاتناش ساقچىسلىق ھاياتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر ھەرىكەت ــ ئىتتىرىش ھەرىكىتىنى قىلدى. بۇ بىر ئىتتىرىش بىلەن، ئۇ ھايات قېلىش ئۈمىدىنى باشقىلارغا بېرىپ، ئۆزىگە ئۆلۈمنى قالدۇردى.

شىن كېچېڭ، 1960 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئەنجى ناھىيەسىنىڭ جاڭۋۇ بازىرى لىگېڭ كەنتىدە بىر ئاددىي دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1978 ـ يىلى ھەربىي سەپكە قاتناشقان، قىسىمدا تۇرغان تۆت يىلدا يەتتە قېتىم تەقدىرلەنگەن. 1982 ـ يىلى ھەربىي سەپتىن چېكىنگەندىن كېيىن، ئەنجى ناھىيەلىك تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپى ئاپتوموبىل ئەترىتىدە يەتتە يىل رېمونت ئىشچىسى بولغان. 1989 ـ يىلى ئەنجى ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قاتناش ساقچى چوڭ ئەترىتىگە كىرگەن.

ساقچى بولغان 12 يىلدىن بۇيان، ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ناھىيەلىك قاتناش ساقچى چوڭ ئەترىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇدىرى، مۇئاۋىن چوڭ ئەترەت باشلىقى، قوشۇمچە قاتناش باشقۇرۇش بۆلۈمچىسىنىڭ بۆلۈمچە باشلىقى بولغان؛ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئالتە قېتىم ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن، ئىككى قېتىم مۇنەۋۋەر خەلق ساقچىسى بولۇپ باھالانغان.

«مەن بىر ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق غايىلىك، ئەخلاقلىق، جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ياخشى ساقچى بولىمەن.» بۇ، يولداش شىن كېچېڭنىڭ پارتىيەگە كىرىش ئىلتىماسىدىكى بىر جۈملە سۆز، شۇنداقلا ئۇ ھەر ۋاقىت ھەممە يەردە ئۆزىگە قويغان قاتتىق تەلەپ.

2001 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى يېرىم كېچىدە، قاتتىق يامغۇر چېلەكلەپ قۇيۇلۇۋاتاتتى، جېجياڭ ۋېنجۇدىن خۇبېي شياڭفەنگە ماڭغان قوش قەۋەتلىك كاردىۋاتلىق چوڭ ئاپتوبۇس ئەنجى ناھىيەسى چېگراسى ئىچىدىكى 04 ـ نومۇرلۇق ئۆلكە يولىدىكى يوۋلىڭ تونېلىنىڭ 2 ـ نومۇرلۇق ئېغىزىنىڭ سىرتىدا، تاشيول بويىدىكى توققۇز مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى جىلغىغا ئۆرۈلۈپ كەتكەن، ئاپتوبۇستىكى 23 يولۇچىنىڭ ھايات ـ ماماتى ئېنىق ئەمەس ئىدى.

ئەنجى ناھىيەلىك قاتناش ساقچى چارلاش چوڭ ئەترىتى خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال ساقچى كۈچىنى نەق مەيدانغا بېرىشقا تەشكىللىگەن. شۇ چاغدا دېجورنىلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالمىغان قاتناش ساقچى چارلاش چوڭ ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن چوڭ ئەترەت باشلىقى شىن كېچېڭمۇ بىرىنچى ۋاقىتتا ئاپتوموبىل ھەيدەپ نەق مەيدانغا ماڭغان.

يوۋلىڭ تونېلى يانتۇ ئەگمە يول بولۇپ، يامغۇر سۈيى تونېلغا ئېقىپ كىرگەندىن كېيىن، يول يۈزى زىيادە تېيىلغاق بولۇپ كەتكەنلىكتىن ئاپتوبۇس كونتروللۇقنى يوقىتىپ، بۇ قېتىمقى ئېغىر، زور ۋەقە كېلىپ چىققانىدى. ئاپتوبۇس 500 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تونېلدىن چىققاندىن كېيىن، يۈگەنسىز ياۋا ئاتتەك مۇھاپىزەت رېشاتكىسىنى سوقۇپ ئۆتۈپ يول ئۇلىنىڭ بىر تەرىپىدىكى جىلغىغا چۈشۈپ كەتكەن. شىن كېچېڭ دەرھال خەلق ساقچىلىرىنىڭ تونېلنىڭ يەنە بىر بېشىدا قاتناش تەرتىپىنى ساقلاشقا قوماندانلىق قىلغان، ئارقىدىن ئۇ ۋە نەق مەيداندىكى خەلق ساقچىلىرى قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلانغان.

كەينىدىن ياردەمگە كەلگەن ساقچى ئاپتوموبىللىرى سىگنال بەرگىنىچە يېتىپ كەلگەن، خەلق ساقچىلىرى جىلغىدىكى ۋەقەگە ئۇچرىغان ئاپتوبۇسنىڭ ئەتراپىنى جىددىي ئاختۇرغان. يارىلانغان يولۇچىلار ئارقا ـ ئارقىدىن قۇتقۇزۇپ چىقىلغان، ھەم تېزلىكتە دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلغان.

لېكىن نەق مەيداندا تۇيۇقسىز يېڭىدىن كۈتۈلمىگەن ئەھۋال يۈزبەرگەن. خاڭجۇدىن ئەنجىگە ماڭغان بىر باكلىق يۈك ئاپتوموبىلى يوۋلىڭ تونېلىغا كىرگەن، تونېل ئىچىدە بىر تىراكتورنى ياندىپ ئۆتمەكچى بولغاندا، يول تېيىلغاق بولغانلىقتىن ئوڭ ـ سولغا سوقۇلغان. يۈك ئاپتوموبىلى تونېل ئېغىزىدىن چىقىپ، ئاپتوبۇس چۈشۈپ كەتكەن جىلغىغا قاراپ ئېتىلىپ كەلگەن.

يارىدارلارنى قۇتقۇزۇش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكەن شىن كېچېڭ تونېل ئېغىزىغا قاراپ، تۇيۇقسىز يۈزبەرگەن خەتەرلىك ئەھۋالنى كۆرگەن، ئۇنىڭ بىرىنچى ئىنكاسى: «قېچىڭلار! تېز قېچىڭلار!» دەپ ۋارقىراش بولغان. ھايات ـ ماماتلىق پەيتتە، شىن كېچېڭ يەنە يېقىنىدىلا تۇرغان خەلق ساقچىسى شىن جۈن بىلەن يولۇچى ياڭ چاۋجياڭنى ئىتتىرىۋەتكەن.

جىلغىدىن ئەمدىلا يول ئۇلىغا ئۆرمىلەپ چىققان يولۇچىلار يېقىنلا يەردە ئىدى، يولۇچىلارنى قۇتقۇزۇۋاتقان خىزمەتداشلىرى يېنىدىلا ئىدى. شىن كېچېڭنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىنىڭ تۈرتكىسىدە، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى تەبىئىيلا ئۆزىنى يانغا ئېلىپ، ئېتىلىپ كەلگەن كونتروللۇقنى يوقاتقان يۈك ئاپتوموبىلىدىن ئۆزىنى قاچۇرغان. ئەمما، شىن كېچېڭ سوقۇلۇپ تونېل ئېغىزىدىن نەچچە ئون مېتىر يىراقلىقتىكى يول ئۇلىغا يىقىلغان ھەم يۈك ئاپتوموبىلى بىلەن بىللە تاشيولنىڭ بىر تەرىپىدىكى جىلغىغا چۈشۈپ كەتكەن.

«شۇ چاغدىكى ئەھۋالدا، مۇئاۋىن چوڭ ئەترەت باشلىقى شىن كېچېڭ تەجرىبىسى ۋە چەبدەسلىكىگە تايىنىپ، تامامەن ئۆزىنى چەتكە ئالالايتتى، لېكىن ئۇ ھايات قېلىش ئۈمىدىنى باشقىلارغا قالدۇردى.» شىن جۈن مۇنداق دېدى: ئۇزاقتىن بۇيان، مەن ئىنژېل شىن كېچېڭنى ئۈلگە قىلىپ، خەلق ساقچىلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە بۇرچىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ كەلدىم.

شۇ قېتىمقى قاتناش ۋەقەسىدە يارىلانغان 14 ئېغىر يارىدار خەتەردىن قۇتۇلغان، ئىنژېل خەلق ئاممىسىنىڭ سادىق قوغدىغۇچىسى بولۇشنى ئۆز ۋەزىپىسى قىلغان شىن كېچېڭ بىزدىن مەڭگۈ ئايرىلغان. قۇربان بولغاندىن كېيىن، جېجياڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت شىن كېچېڭنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىغان ھەم «خەلق قوغدىغۇچىسى» دەپ تولۇقلاپ نام بەرگەن؛ جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى ئۇنىڭغا مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى 1 ـ دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى دەپ تولۇقلاپ نام بەرگەن.

شىن كېچېڭ قۇربان بولغاندا، قىزى شىن يىڭجۈن ئەمدىلا 14 ياشقا كىرگەنىدى، بۈگۈنكى كۈندە، شىن يىڭجۈن داشۆگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتۈپلا قالماي، يەنە ئاتىسىنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ساقچى بولدى. «ھازىر قىزىم، كۈيئوغلۇم ساقچى بولدى، ئۇلار كېچېڭنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىغا ۋارىسلىق قىلدى، ئۇلار مەن بىلەن كېچېڭنىڭ پەخرى» دېدى شۇ دۆڭمېي تەسكىن تاپقان ھالدا.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)